السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەھلى كىتابنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىماڭلار ۋە ئىنكارمۇ قىلماڭلار، «بىز ئاللاھقا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق دەڭلار

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتابلار ئىبراني تىلدا تەۋرات ئوقۇپ ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئەرەپ تىلدا چۈشەندۈرەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەھلى كىتابنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىماڭلار ۋە ئىنكارمۇ قىلماڭلار، «بىز ئاللاھقا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق دەڭلار» [سۈرە بەقەرە 136-ئايەت].

[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن بايان قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن مەغرۇرلىنىپ قالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يەھۇدىيلار ئۆز تىلى بولغان ئىبراني تىلدا تەۋرات ئوقۇياتتى، ئۇنى ئەرەپ تىلدا چۈشەندۈرەتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئەھلى كىتابنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلار ۋە ئىنكارمۇ قىلماڭلار» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن راست بىلەن يالغان بىلىنمىگەن سۆزلەردە شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق بولىشى: ئاللاھ تائالا بىزنى بىزگە نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمگە ۋە بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە نازىل بولغان كىتاپلارغىمۇ ئىمان ئېيتىشقا بۇيرىغان، لېكىن بىزگە شەرىئىتىمىز ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ راست-يالغىنىنى ئايرىپ بەرمىسە، بىز ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىدىن بىزگە ھىكايە قىلىپ بەرگەن سۆزلىرىنىڭ قايسىسى توغرا ۋە قايسىسى خاتا بۇنى بىلەلمەيمىز. ئاۋاز قوشمايمىز، جىم تۇرىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتكەنلىرىگە شېرىك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەستىق قىلمايمىز، ئىنكارمۇ قىلمايمىز، بەلكىم توغرا بولۇپ قالسا، ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالمىغايمىز. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرىدى: ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقىلا بويسۇنغۇچىلارمىز». [سۈرە بەقەرە 136-ئايەت].

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65046

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee